# گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى، يۇقۇم ئۇچۇرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت دائىرىسىدىن باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى مەيدان - سورۇنلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەشنى ياخشى قىلىپ، ماسكا تاقاش، تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش، تىزىملاش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسكىن، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تورىنى ھەقىقىي تۈردە زىچ توقۇش كېرەك. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلەر، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

ۋاڭ جيەن مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە، بۇ قېتىم يۇقۇمدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلار ئومۇميۈزلۈك قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا ئېرىشىپ، كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلىشىپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىندى. بىز قۇتقۇزۇش - داۋالاش بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك بىلەن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دوختۇرخانىلارنىڭ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىدە ئېلىپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق، تۈركۈمگە ئايرىپ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، داۋالاش خادىملىرىنىڭ ئۆزىنى مۇداپىئەلىنىشىنى پۇختا ياخشى قىلىپ، دوختۇرخانىدا گىرەلەشمە يۇقۇملىنىش ۋە داۋالاش خادىملىرىنىڭ يۇقۇملىنىشىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئالىمىز.

لى جېڭلۇڭ مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇ قېتىم يېڭى يۇقۇم ئەھۋالى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاغرىق مىسالىرىنى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى پائال قانات يايدۇردى، خىزمەتلەر ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك بولدى. بىز پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار كەسپىي خادىملار بىلەن بىرلىكتە، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش، تارقىلىش يوللىرىنى ئانالىز قىلىش ۋە يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى پەرقلەندۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ھازىرقى خىزمەت نەتىجىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ۋاسىتىلەردىن پائال پايدىلىنىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى ۋە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ھازىر ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىرى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، قاتلاممۇقاتلام رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ، يۇقۇش مەنبەسى، تارقىلىش يوللىرىنى تېزدىن ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەدبىر مەدەتچى بىلەن تەمىنلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپە قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىك تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق، پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېلىپ تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر، ئىنچىكە قانات يايدۇرۇپ، ئاغرىق مىسالىنى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ - داۋالاپ، ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى ھەقىقىي شەكىللەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىپ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، جاڭ چۈنلىن، جاۋ چۈجيۇ، جاۋ چىڭ، ۋاڭ مىڭشەن، مەڭلىك سىيىت، ليۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يۇڭ قاتارلىقلار دوكلات قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشكە يېتەكلەپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى «گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش»تىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»دا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى كۆزلەپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى، مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جانلىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى مەركەزلىك نامايان قىلىنغان، پارتىيەمىزنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا قوشقان ئاقىل لايىھەسى تولۇق نامايان قىلىنغان، بۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان نوپۇزلۇق ئەسەر. «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، قاراش، ئۇسۇللارنى سىستېمىلىق ئىگىلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «يارايدىغان»لىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشىنىشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەشتىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتەك ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېغىر نامراتلىقنى يوقىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى (پارتىيە گۇرۇپپىلىرى)نىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرى «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىش، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشنى ياخشى قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى (پارتىيە گۇرۇپپىلىرى) ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىشنى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇشتىكى زۆرۈر ئۆگىنىش مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنلىرى)، كادىرلار شۆيۈەنلىرى «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى تەربىيەلەش، ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشى، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ئۇنى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتىن تەربىيەلەيدىغان مۇھىم دەرسلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ لېكتورلار ئۆمىكى ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى ياخشى تەشكىللىشى كېرەك. يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەركەزلىرى، ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرما تاراتقۇ مەركەزلىرى ۋە «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلەتنى» ئۆگىنىش سۇپىسى پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز يەتكۈزۈش»كە تۈرتكە بولۇشتا يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار، تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، 1 - شۇجىلار، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» بويىچە تۇغقانلاشقان كادىرلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇشى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا يۈزلىنىپ تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات تاراتقۇلىرى ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات پىلانى تۈزۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىش، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ھەمدە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش قويۇق كەيپىياتى يارىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا كەڭ تارقىلىشى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىشىغا سىجىل تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

## ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر، رايون)لەرنىڭ خەۋپ - خەتەر دەرىجىسىنى ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تەتقىق قىلىپ قارار قىلىشى ئارقىلىق، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر، رايون)لەرنىڭ خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى ھەرىكەت ھالىتىدە تۆۋەندىكىدەك تەڭشەلدى:

خەۋپ - خەتەر يۇقىرى رايونلار: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى، سايباغ رايونى؛

خەۋپ - خەتەر ئوتتۇرا ھال رايونلار: ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)، شىمگۇ رايونى؛

خەۋپ - خەتەر تۆۋەن رايونلار: باشقا ناھىيە (شەھەر، رايون).

ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى.

**ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى**

**2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى**

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپە قىلىپ، ئەڭ قەتئىي، ئەڭ كەسكىن، ئەڭ قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، تارقىلىش يوللىرىنى قەتئىي ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىپ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىكنىڭ خىزمەت كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش مەنبەسى، تارقىلىش يولىنى تېز ئېنىقلاپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەش كېرەك. بىر تەرەپتىن تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، بىر تەرەپتىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇچراشقان مەيدان - سورۇن ۋە چېتىشلىق خادىملارنى بېكىتىشنى تېزلىتىپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش، ئايرىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشقۇرۇشسىز قېلىش، باشقۇرۇشتىن چۈشۈپ قېلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇش كېرەك. بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلار، زاپاس دوختۇرخانىلارنىڭ قۇتقۇزۇش - داۋالاش شارائىتىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىنى تولۇق سەپلەپ، يېتەرلىك سەپلەپ، داۋالاش - قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنىنى ئىلمىي تەڭشەپ - ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغداش كېرەك. تېببىي خادىملارنىڭ مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ داۋالىنىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىشنىڭ ئېغىر ياكى يېنىكلىكى، جىددىي ياكى جىددىي ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق ساھەلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى نۇقتىلىق، تۈركۈم قېتىمغا ئايرىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. خىزمەت لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت تەرتىپىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەۋرىشكە ئېلىش، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش، قوشۇن سەپلەشتىكى ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ زىچ جىپسىلىشىشى، راۋان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ تېز ۋاقىت ئۈنۈمى ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈشنى خالىسىلا تولۇق تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇش، پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىكنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتى، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرلەشمە ھەرىكەتلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، ۋاڭ مىڭشەن، مەڭلىك سىيىت، ليۇ جيەنشىن، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.